# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 10 - ئاي
11
جۈمە
维吾尔文 10 月11日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W
新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24845 - سان بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭنىڭ «مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز»نىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز»نىڭ كىتابچىسى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلىدۇ.

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» دەپ تولۇقلاپ نام بېرىش توغرىسىدىكى قارارى

(2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى)

2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى بەيسې شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كادىرى، كەنتتە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇنىڭ ئۆلگىلىك ئىش ئىزلىرى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇ ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، چوڭ شەھەردە خىزمەت قىلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، قەتئىيلىك بىلەن يۇرتىغا قايتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن ئاتلىنىپ، ئۆزىنى بېغىشلاپ، گۈزەل ياشلىق باھارى بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلىي مەقسىتى، بۇرچىنى ئىزاھلاپ، يېڭى دەۋردىكى ياشلىق ناخشىسىنى يېزىپ چىقتى. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ۋە ياش يولداشلار يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇنى ئۆلگە قىلىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، ئۆزىنى بېغىشلاپ، يېڭى دەۋرنىڭ ئۇزۇن سەپەر يولىدا يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشى كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆلگىلەرنى تەقدىرلەپ، توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ۋە ياش يولداشلارنى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، كۆتۈرەڭگۈ روھ ۋە ئۇرغۇپ تۇرغان جاسارەت بىلەن يېڭى دەۋردە كۈرەش قىلىش، يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە يېتەكلەش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» دەپ تولۇقلاپ نام بېرىشنى قارار قىلدى.

خۇاڭ ۋېنشيۇ، ئايال، جۇاڭزۇ، گۇاڭشى تيەنياڭدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى، 1989 - يىلى 4 - ئايدا تۇغۇلغان، ھايات ۋاقتىدا گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى بەيسې شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى نەزەرىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بەيسې شەھىرى لېيې ناھىيەسى شىنخۇا بازىرى بەينى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ 1 - شۇجىسى بولغان. 2016 - يىلى 7 - ئايدا بېيجىڭ سىفەن داشۆسىدە قانۇنشۇناسلىق بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرگەن، شۇ يىلى شۇ ئايدا گۇاڭشىدا نىشانلىق تاللاپ ئىشقا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سۈپىتى بىلەن بەيسې شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئۆزلەشتۈردى ——

# دەۋر بىلەن تەڭ قەدەمدە ماڭىمىز نادىر ئەسەرلەرنى خەلققە تەقدىم قىلىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك بەس - بەستە مۇنداق بىلدۈردى: خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى مەدھىيەلەيدىغان، ۋەتەننى مەدھىيەلەيدىغان، خەلقنى مەدھىيەلەيدىغان، قەھرىمانلارنى مەدھىيەلەيدىغان نادىر ئەسەرلەرنى ئۈزلۈكسىز چىقىرىپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىپ، ھەرمىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچنى مۇجەسسەملەيمىز.

**■ خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرىمىز**

«باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى كىشىنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى، ھەسسىلەپ روھلاندۇردى. مەن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى تىرىشىپ قاندۇرۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ قەدەمدە مېڭىشتا، ئەدەبىيات - سەنئەت نادىر ئەسەرلىرىنى خەلققە تەقدىم قىلىشتا چىڭ تۇرىمەن.» تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى چەي خۇڭخۇا مۇنداق دېدى:

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئىتتىپاقلىق گۈللىرى ئورتاق سۇغىرىلدى باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى مۇجەسسەملەندى

—— ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى خىزمىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتتى

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

ئىككىنچى تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش»نىڭ ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملىدى.

**■ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى**

«ياڭاق ساتىمەن! ياڭاق ساتىمەن! ھەممىسى تۇغقىنىم ئۆزى ئۆستۈرگەن قەغەز ياڭاق، بىر كىلوسى 15 يۈەن، يەتتە كىلوسى 100 يۈەن.» بىرقانچە كۈندىن بۇيان، ئاتۇش شەھىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ئۈندىدار دوستلار چەمبىرىكىگە «يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات»لارنى چىقىرىپ، قوشماقلاشقان تۇغقانلىرىغا ياردەملىشىپ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشىپ بەردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، پويىز بېيتۈن بۆلىكىدىكى ئېرتىش دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتمەكتە (ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان). ئالتۇن كۈزدە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل تۈسكە كىرگەن بولۇپ، دەريا ۋادىسىدىكى قويۇق ئىككىلەمچى ئورمان ئالتۇن رەڭلىك يىپەك بەلباغدەك دەريا ۋادىسىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى بېزىگەندى، پويىز بۇ يەردىن كېسىپ ئۆتكەندە، خۇددى بىر گۈزەل يۈگمە رەسىمگە ئوخشاپ قالغاندى. □چېن ياڭ فوتوسى

**ئېرتىش ۋادىسىدا ئالتۇن كۈز**

**شىنجاڭ ياخشى جاي**

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي يىغىن ئاچتى

مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلاردىكى تۇرمۇش پاسكىنا سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىش، قويۇپ بېرىش ئۆلچىمى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنا - جابدۇقلىرى كەسپىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش قاتارلىق قارارلامىلار تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېزىلاردىكى تۇرمۇش پاسكىنا سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىش، قويۇپ بېرىش ئۆلچىمى يېزا مۇھىتىنى باشقۇرۇشتىكى مۇھىم ئاساس، يېزىلاردىكى تۇرمۇش پاسكىنا سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىش، قويۇپ بېرىش ئۆلچىمىنى تۈزۈپ يولغا قويۇش ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزىلاردىكى تۇرمۇش پاسكىنا سۈيىنى تازىلاشنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ يېزىلاردىكى تۇرمۇش پاسكىنا سۈيىنى تازىلاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا رايونلىرىنىڭ سۇ مۇھىتىنى ياخشىلاش ۋە يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشىدۇ. ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاشنى يادرو قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى!

# 2019 مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش - سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش (شىنجاڭ) پائالىيىتى باشلاندى

مۇخبىرىمىز **چېن جياڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، بەش كۈنلۈك 2019 مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش - سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش (شىنجاڭ) پائالىيىتى كورلا شەھىرىدە باشلاندى، دۆلەت ئىچىدىن كەلگەن 100گە يېقىن چوڭ تىپتىكى سېتىۋېلىش سودىگىرى نەشپۈت شەھىرىگە جەم بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلىرىدىكى 200دىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى كارخانىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش - سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇردى، شۇ كۈنى جەمئىي 1 مىليارد 465 مىليون يۈەنلىك ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى ئىمزالاندى.

بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى سودا ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ بازار سىستېمىسى قۇرۇلۇشى مەھكىمىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزگەن بولۇپ، پائالىيەتنىڭ باش تېمىسى «ئىشلەپچىقىرىش - سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچ قوشۇش»تىن ئىبارەت.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

**ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل**

# ئالمجاننىڭ كىچىك تاللا بازىرى بەختكە يول ئاچتى

□مۇخبىرلىرىمىز جېڭ جو، سۈي يۈنيەن

8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈش ۋاقتى، شامال چىقىپ تۇراتتى، ئىسسىق ھاۋا يۈزگە ئۇرۇلاتتى. كېرىيە ناھىيەسىنىڭ تاختا كۆۋرۈك سودا كوچىسىدا 33 ياشلىق ئالمجان دەسمالنى ئېلىپ، دۇكان ئالدىدىكى توڭلىتىش ساندۇقىنى قايتا - قايتا سۈرتۈۋاتاتتى. «دۇكان يولغا يېقىن، توڭلىتىش ساندۇقىغا ئاسانلا چاڭ - توزان قونۇپ قالىدۇ، بۇ بىرقانچە كۈندە سوغۇق ئىچىملىك ئالغىلى كەلگەنلەر كۆپ بولىدۇ، شۇڭا توڭلىتىش ساندۇقىنى پاكىز تۇتۇش كېرەك» دېدى ئالمجان تولۇپ تاشقان غەيرەت بىلەن.

تاختا كۆۋرۈك سودا كوچىسى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ كونا شەھەر رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، ئالمجان مۇشۇ يەردە تۇغۇلغان، ئۇ كىچىكىدىن مۇشۇ يەردە چوڭ بولغان، مۇشۇ يەردە ئۆي - ئوچاقلىق بولغان، تاختا كۆۋرۈكمۇ ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ.

دېنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچراپ، ھېچقانداق ئىشقا قىزىقماس بولۇپ قالغان ئادەمدىن ئۆزگىرىپ ئېلېكترونلۇق سودىنى ئۆگەنگەن، خوتۇنىغا تاماق ئېتىپ بېرىدىغان تاللا بازىرى خوجايىنى ۋە ياخشى ئەر بولۇشقىچە، ئالمجان ئىشچان بىر جۈپ قولىغا تايىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۈمىدكە تولغان ئەتىسىنى ياراتتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى

新疆头条 APP　微信公众号　新疆日报网　天山网 APP